بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

## 21- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىني ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

﴿وَهُوَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ «الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە تەھرىم 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾ «الله مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى» (سۈرە نىسا 164- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُوالْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ﴾ «ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ يۈزى (يەنى يۈزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زاتى) مەڭگۈ قالىدۇ» (سۈرە رەھمان 27- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ﴾ «الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار الله تىن مەمنۇن بولىدۇ» (سۈرە مائىدە 119- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ﴾ «الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان...» (سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿فَلَمَّا آسَفُونَا انْتَقَمْنَا مِنْهُمْ فَأَغْرَقْنَاهُمْ أَجْمَعِينَ﴾ «ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق» (سۈرە زۇخرۇف 55- ئايەت).

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَوَلَّوْا قَوْمًا غَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلار» (سۈرە مۇمتەھىنە 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿يَوْمَ يُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ وَيُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ﴾ «ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ (يەنى «سەھىھ بۇخارى» 4305- ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك الله تعالى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە پاچىقىنى ئاچىدۇ). ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ» (سۈرە قەلەم 42- ئايەت).

﴿اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ «بىر الله تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر؛ الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە بەقەرە 255- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله تعالى نىڭ سۈپەتلىرى زىكىر قىلىنغان يەنە بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئايەتلەر بار.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، جەننەت ئەھلى ئېرىشىدىغان ئەڭ ئەۋزەل نېئمەت بولسا ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ رب تبارك وتعالى نى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇر. الله تعالى ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلىگە سۆزلەيدۇ، جەننەت ئەھلىمۇ الله تعالى غا سۆزلەيدۇ.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَاضِرَةٌ ۞ إِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ ۞﴾ «بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ [22]. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ [23]» (سۈرە قىيامەت 22-، 23- ئايەت).

ئۇلار الله تعالى نى تولۇن ئاينى كۆرگەندەك ئوچۇق-ئاشكارا كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى تولۇن ئاينى كۆرگەندەك ئوچۇق كۆرىسىلەر (يەنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرىسىلەر)، بىر-بىرىڭلارنى تۇسۇپ قالالمايسىلەر» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنە الله تعالى نىڭ كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىگە ۋە ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە چۈشىدىغانلىقىغا «تَكْيِيف» قىلماستىن ئىمان كەلتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «رەببىمىز ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغان چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ ۋە: <كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىمەن؛ كىم مەندىن سورايدۇ؟ ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىمەن؛ كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ؟ ئۇنى ئەپۇ قىلىمەن> دەيدۇ» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنە الله تعالى نىڭ قىيامەت كۈنى بەندىلەر ئارىسىدا كېسىم چىقىرىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىگە ۋە ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە كېلىدىغانلىقىغا «تَكْيِيف» (يەنى قانداقلىقىنى سۈرۈشتە) قىلماستىن ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەرنىڭمۇ سەپ-سەپ بولۇپ كېلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَلَّا إِذَا دُكَّتِ الْأَرْضُ دَكًّا دَكًّا ۞ وَجَاءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا ۞﴾ «(ئى غاپىللار!) بۇنىڭدىن يېنىڭلار، زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا [21]. پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا [22]» (سۈرە فەجر 21-، 22- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلْ يَنْظُرُونَ إِلَّا أَنْ يَأْتِيَهُمُ اللَّهُ فِي ظُلَلٍ مِنَ الْغَمَامِ وَالْمَلَائِكَةُ وَقُضِيَ الْأَمْرُ وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الْأُمُورُ﴾ «ئۇلار (يەنى ئىسلامغا كىرىشنى تەرك ئەتكەنلەر) پەقەت الله نىڭ (قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) بۇلۇت پارچىلىرى ئىچىدە كېلىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنى ۋە (خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بىر گۇرۇھ جەننەتتى، بىر گۇرۇھ دوزىخى بولۇپ ئايرىلىش بىلەن خالايىقنىڭ) ئىشىنىڭ پۈتۈشىنى كۈتەمدۇ!؟ (بەندىلەرنىڭ) ھەممە ئىشى الله قا قايتۇرۇلىدۇ» (سۈرە بەقەرە 210- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُوا فِتْنَةً لَا تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْكُمْ خَاصَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» (سۈرە ئەنفال 25- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: [الله تعالى بۇ ئايەتتە مۆئمىن بەندىلىرىنى سىناش يۈزىسىدىن يامان ئىشلارنى قىلغانلارغىمۇ ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغىمۇ ئومۇميۈزلۈك كېلىدىغان، ئاسىيلارغا ۋە گۇناھ قىلغانلارغا خاس بولۇپلا قالماي بەلكى ياخشى ۋە يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق كېلىدىغان توسقىلى بولمايدىغان ۋە كۆتۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان بالا-قازادىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رحمه الله مۇتەررىفنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز زۇبەيرگە: «ئى زۇبەير! سىلەرگە نېمە بولدى؟ ئۆلتۈرۈلگەن خەلىپىنىڭ (ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رضي الله عنه نى دېمەكچى) قەدرىنى قىلمىدىڭلار، ئەمدى ئۇنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىپ كەپسىلەرغۇ؟» دېدۇق. زۇبەير رضي الله عنه: «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رضي الله عنهم لارنىڭ زامانىسىدا <سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار> دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتۇق لېكىن بىز ئۆزىمىزنى ئۇ بالا-قازانىڭ ئەھلى دەپ ھېسابلىمايتتۇق، ئاخىرى ئۇ بىزگە كەلدى» دېدى.

ئەلى ئىبنى تەلھە رضي الله عنه ئىبنى ئابباس رضي الله عنه نىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەپ تەپسىر بەرگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «الله مۆئمىنلەرنى ئۆز ئارىسىدا يۈز بەرگەن يامانلىققا سۈكۈت قىلماسلىققا بۇيرۇدى، ئەگەر بۇ بۇيرۇققا رىئايە قىلمىسا الله نىڭ ئازابى ئۇلارغا ئومۇميۈزلۈك كېلىدۇ». بۇ — مەزكۇر ئايەتكە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى تەپسىردۇر.

مۇجاھىدمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يامان ئىشقا قاراپ تۇرساڭلار بالا-قازا سىلەرگىمۇ كېلىدۇ». زەھھاك، يەزىد ئىبنى ئەبۇ ھۇبەيىب ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان. گەرچە بۇ خىتاب ساھابىلەرگە قارىتىلغان بولسىمۇ، ساھابىلەرنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى پىتنە ۋە بالا-قازادىن ساقلىنىش ھەققىدە كەلگەن نۇرغۇن ھەدىسلەردە ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

ئىمام ئەھمەد رحمه الله ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىسىلەر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار الله ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب ئەۋەتىدۇ، ئاندىن سىلەر الله نىڭ ئازابىنى ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ ئەلۋەتتە دۇئا قىلىسىلەر بىراق الله سىلەرنىڭ بۇ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ». ئىمام ئەھمەد رحمه الله ئۇممۇ سەلەمە رضي الله عنها نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر ئۈممىتىم ئىچىدە گۇناھلار يامراپ كەتسە، الله ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدىن ئومۇميۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ> دېدى. مەن: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى كىشىلەر يوقمۇ؟> دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <بار> دېدى. مەن: <ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇلارغىمۇ گۇناھكار ئادەملەرگە يەتكەن ئازاب يېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاخىرەتتە الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى ۋە رىزالىقىغا ئېرىشىدۇ> دېدى».

ئىمام ئەھمەد رحمه الله يەنە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «قانداق بىر قەۋمدە گۇناھ قىلغانلارنى توسىيالايدىغان يۈز-ئابرۇيلۇق ۋە كۈچلۈك كىشىلەر بار تۇرۇپ ئۇلارنى توسمىسا ۋە گۇناھلار داۋاملىشىۋەرسە، الله ئۇنداق قەۋمگە ئومۇميۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ» (ئىبنى ماجە توپلىغان)] («ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

بۇ ئايەت ھەققىدە ئەللامە سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر زۇلۇم يامراپ ئۆزگەرتىلمىسە، بالا-مۇسىبەت شۇ زۇلۇمنى (يەنى گۇناھلارنى) قىلغانلارغا ۋە قىلمىغانلارغا ئورتاق بولىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ يولى بولسا مۇنكەردىن توسۇش، مۇنكەر ئەھلىنى قومۇرۇپ تاشلاش ۋە گۇناھ قىلىشقا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىمكان بەرمەسلىكتىن ئىبارەت» («تەپسىر سەئدى»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال، قالَ رَسُول الله ﷺ: «إنَّ اللهَ تَعَالَى قَالَ: <مَنْ عادى لي وَلِيّاً فقَدْ آذَنْتُهُ بالحَرْب، وَمَا تقَرَّبَ إِلَيَّ عَبْدِي بشَيءٍ أَحَبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيهِ، وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بالنَّوافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ، فَإِذَا أَحبَبْتُهُ كُنْتُ سَمعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ، وَبَصَرَهُ الَّذِي يُبْصِرُ بِهِ، ويَدَهُ الَّتِي يَبْطِشُ بِهَا، وَرِجْلَهُ الَّتِي يَمْشِي بِهَا، وَإِنْ سَأَلَنِي أَعْطَيْتُهُ، وَلَئِنِ اسْتَعَاذَنِي لأُعِيذَنَّهُ>» (رواه البخاري).

«آذَنْتُهُ»: أعلمته بأني محارب لَهُ. اسْتَعَاذَنِي روي بالنون وبالباءِ (البخاري 131/8).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: <كىمكى مېنىڭ ئەۋلىيالىرىم (يەنى يېقىنلىرىم) بىلەن قارشىلىشىپ دۈشمەنلەشسە، مەن ئۇ كىشىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان نەرسىدىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىرەر نەرسە بىلەن يېقىنلىشىپ باقمىدى. بەندەم ماڭا نەفلە ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىپ تۇرىدۇ، ئاخىرى مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن سورىسا، سورىغىنىنى بېرىمەن؛ مەندىن پاناھلىق تىلىسە، پاناھلىق بېرىمەن>» (بۇخارى توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى تەقۋادار مۆئمىن بولسا، ئۇ كىشى الله نىڭ دوستى بولىدۇ. كىمكى مۆئمىنگە ئەزىيەت بەرسە، الله ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەگەر الله بەندىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلسا، ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ شۇڭلاشقا ئىنسان ھەرقانداق مۇسۇلمان بىلەن قارشىلىشىشتىن ئېهتىيات قىلسۇن.

الله نىڭ مۆئمىنلەرگە بولغان دوستلۇقى ئام ۋە خاس دەپ ئىككى قىسىم بولىدۇ. ئام دوستلۇق بولسا الله تعالى نىڭ بارلىق مۆئمىنلەرگە بولغان دوستلۇقى بولۇپ، ئۇ — مۆئمىنلەرنى كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىش دوستلۇقىدۇر. ئەمما، الله نىڭ خاس دوستلۇقى بولسا تەقۋادار مۆئمىنلەرگە بولغان دوستلۇقى بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ھىمايە قىلىش دوستلۇقىدۇر. گەرچە مۆئمىنلەرنىڭ

(ئاخىرى 2- بەتتە)



ئىسلام ئاۋازى
21- سان ھىجرىيە: 1438/07/04 مىلادىيە: 2017/03/31




■ 3- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزگان ۋىلايىتى تىرىنكوت رايونىدا بىر مۇھىم ئەسكىرىي بازىنى فەتھ قىلغان ۋە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ۋەيران قىلغان، ئەسكىرىدىن 10 نەچچىسىنى يارىلاندۇرغان.

■ 3- ئاينىڭ 19- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى دەمەشىقنىڭ جوبار رايونىدا «ئى الله نىڭ بەندىلىرى! سابىت تۇرۇڭلار» ناملىق چوڭ جەڭنى باشلىغان. جەڭدە ئاۋۋال مۇجاھىدلار ئىككى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. ئارقىدىن ئىنغىماسچى ۋە ھۇجۇمچى مۇجاھىدلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ الله نىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە جوبارنىڭ زاۋۇت رايونى ۋە توك-ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق بىر نەچچە رايوننى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. بۇنىڭدىنمۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەر شۇكى، مۇجاھىدلار دەمەشىقتىكى قابۇن رايونىغا تۇتۇشۇۋالغان. 2013- يىلنىڭ ئاخىرلىرى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى جوبار رايونى بىلەن قابۇن رايونىنىڭ تۇتۇشىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ قابۇننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ئىدى، ئەمدى الله نىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ ئىككى رايون تۇتۇشۇپ مۇھاسىرە ئېچىلدى. مۇجاھىدلار ھازىرغىچە بۇ جەڭ داۋامىدا خېلى كۆپ شىئە كاپىرلىرىنى ئۆلتۈرگەن، يارىلاندۇرغان ۋە ئەسىرگە ئالغان.

■ 3- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى داھار سىراج رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر مۇھىم ئەسكىرىي بازىسىغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 38 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلۈپ، 9 نەپىرى يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 21- كۈنى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكىرىي مەسئۇللار پرېزىدېنت بىناسىنىڭ ئالدىدا يىغىن ئېچىۋاتقان پەيتتە ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى ئۇلارغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 26 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن، 10 غا يېقىنى يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 21- مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىگە قارشى چوڭ جەڭ ئەمەلىيىتىنى باشلىغان. بۇ جەڭ ئاۋۋال توپ قورال ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، جەڭ جەريانىدا 3 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىلغان. 24 سائەت ئىچىدە ساۋران يېزىسى، خەتتاب يېزىسى، بىل ھۇسەين يېزىسى، مەئىرداس يېزىسى قاتارلىق 15 يېزا ۋە بازارلار فەتھ بولغان. 13 دانە تانكا ۋە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP غەنىيمەت چۈشكەن، تاغۇت ئەسكەرلىرىدىن كۆپلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھازىر ھاما شەھىرى ئىچىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولۇپ، ئىلگىرىلەش جەريانىدا ھاما ۋىلايىتىدىكى ھەربىي ئايروپورتقا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 2 دانە كۈرەشچى ئايروپىلان ۋەيران بولغان ۋە بۇ ھەربىي ئايروپورت الله نىڭ ياردىمى بىلەن خىزمەتتىن توختىغان.

■ 3- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى سەنگىن رايونىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. بۇ رايون بىر ئاينىڭ ئالدىدا مۇھاسىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، 22- چىسلا قاتتىق ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە مۇكەممەل فەتھ بولغان.

■ 3- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بېرۋاي شەھىرىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۇ شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن. 17 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن، 22 نەپىرى يارىلانغان، 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان. كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 3- ئاينىڭ 26- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتى قەمھانە يېزىسىدا بەششار ئەسەد كاپىرلىرىنىڭ بىر دانە T72 تىپلىق تانكىسىنى ۋە بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP سىنى ۋەيران قىلغان ھەمدە نۇسەيرىيلەردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 3- ئاينىڭ 28- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى الله نىڭ رەھمىتى بىلەن دەمەشىقنىڭ جوبار رايونىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنى چېكىندۇرۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 3- ئاينىڭ 28- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتى مۇئرەدىس يېزىسىدا نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنىڭ توپلىشىپ تۇرغان ئورنىغا ۋە ئوق-دورا بېسىلغان ماشىنىسىغا باشقۇرۇلىدىغان راكېتا ئېتىپ ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان ۋە كۆپلىگەن نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 3- ئاينىڭ 28- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەترىتى سۈرىيىنىڭ غەربىي قەلەمۇن رايونىدا نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ، مەركەزدىكى كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئەمەلىيەتنى تۈگىتىپ سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 3- ئاينىڭ 29- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھاما ۋىلايىتىدە ئېلىپ بارغان جەڭ جەريانىدا نۇسەيرىيە كاپىرلىرىنىڭ 3 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP ۋە بىر دانە شالاكاسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بەششار ئەسەد كاپىرلىرىغا زور تالاپەت يەتكۈزگەن.

■ 3- ئاينىڭ 30- كۈنى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى خوگيانى رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ مۇجاھىدلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇجاھىدلار بۇ ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن ۋە تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 5 نى، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 8 نى ئۆلتۈرگەن.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى 3- ئاي ئىچىدە 462 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كاپىرلارغا يەتكۈزگەن تالاپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

روزگان ۋىلايىتىدە بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن ۋە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 12 نى ئۆلتۈرۈپ 9 نى يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئافغانىستان مۇرتەد ئەسكەرلىرىدىن 915 نى ئۆلتۈرۈپ، 450 نى يارىلاندۇرغان؛ M-1117 تىپلىق ئەسكىرىي ماشىنىدىن 12 نى ۋەيران قىلىپ، 3 نى غەنىيمەت ئالغان؛ ھامىر تىپلىق ئەسكىرىي ماشىنىدىن 135 نى ۋەيران قىلىپ، 50 نى غەنىيمەت ئالغان؛ ئەسكەر توشۇغۇچى ماشىنىدىن 10 نى ۋەيران قىلىپ، 4 نى غەنىيمەت ئالغان؛ كىچىك تىپتىكى ماشىنىلاردىن 53 نى ۋەيران قىلىپ، 75 نى غەنىيمەت ئالغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| مَنْ | كىم |
| شَجَرَةٌ | دەرەخ |
| غُرْفَةٌ | ئۆي |
| يَقْرَأُ | ئوقۇيدۇ، ئوقۇۋاتىدۇ |
| مِعْطَفٌ | پەلتو |
| حَمَّامٌ | سۇخانا |
| يَتَوَضَّأُ | تاھارەت ئالىدۇ |
| مُصَلّى | نامازخانا |
| يُصَلِّي | ناماز ئوقۇيدۇ |
| نَظَّارَةٌ | كۆزەينەك |
| عَمٌّ | تاغا |
| أُسْرَةٌ | ئائىلە |

## جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| مَنْ هَذَا؟ | بۇ كىم؟ |
| هَلْ هَذِهِ شَجَرَةٌ؟ | بۇ دەرەخمۇ؟ |
| أَيْنَ الْغُرْفَةُ؟ | ئۆيۈڭ قەيەردە؟ |
| سَعِيدٌ فِي الغُرْفَةِ يَقْرَأُ القُرْآنَ | سەئىد ئۆيدە قۇرئان ئوقۇۋاتىدۇ |
| أَيْنَ المِعْطَفُ يَا خَالِدُ؟ | ئى خالىد، پەلتو قەيەردە؟ |
| عَمَّارٌ فِي الحَمَّامِ | ئەممار سۇخانىدا |
| عَلِي فِي الحَمَّامِ يَتَوَضَّأُ | ئەلى سۇخانىدا تاھارەت ئېلىۋاتىدۇ |
| سَعِيْدَةَ فِي المُصَلَّى تُصَلِّي | سەئىدە نامازخانىدا ناماز ئوقۇۋاتىدۇ |
| أَحْمَدُ فِي المَسْجِدِ يُصَلِّي | ئەھمەد مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتىدۇ |
| هَذِهِ هِيَ النَّظَّارَةُ | بۇ ئۇنىڭ كۆزەينىكى |
| هَذَا عَمُّهُ عَمَّارٌ | بۇ ئەممارنىڭ تاغىسى |
| هَذَا أُسْرَةُ عُمَرَ | بۇ ئۆمەرنىڭ ئائىلىسى |




1. تۆۋەندىكى ھېسابلاشنى كىم تېز ھەم توغرا چىقىرالايدۇ؟

$$1+1+1+1+1+1+3\times0+1=?$$

2. بۇ تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ؟

بىللە ياشايدۇ،
بەش تال قېرىنداش.
بويى ئېگىز-پەس،
ئىسمى ئوخشىماس.
قېنى تېپىڭچۇ،
ئەقىللىق ئاداش؟





ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك يۆتكىسەك بولىدۇ.



2. تىل.

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

تاتلىق ئانار سۈيىدە شېكەر بىلەن شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، قان كۆپەيتىپ ماغدۇرسىزلىقنى داۋالايدۇ (إن شاءالله).

يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن 6 گرام، قەلەمپۇردىن 3 گرام، لىمون پوستىدىن 5 گرام، مامىرانچىندىن* 2 گرام، سۇدىن 500 مىللىلىتىر ئېلىپ؛ 200 گرام سۇيى قالغۇچە قاينىتىپ، تىرىپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ؛ كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىپ بەرسە ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان تاماق سىڭمەسلىككە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاءالله).

لىمون ياكى لىمون پوستىنى كۈندىلىك تاماققا مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. تاماقلارنىڭ تېز ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ (إن شاءالله).

چامغۇر، چامغۇر كۆكى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا سۇيى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ (إن شاءالله).

* ئىزاھات: مامىرانچىن — ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

(بېشى 1- بەتتە)

ھەممىسى الله نىڭ دوستلىرى بولسىمۇ ئەمما الله تعالى يۇقىرىقى ھەدىس قۇددۇسىدا <مېنىڭ ئەۋلىيالىرىم (يېقىنلىرىم)> دەپ مەدھىيىلىگەن كىشىلەر بولسا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلغان، كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەگەشكەن الله نىڭ سالىھ بەندىلىرىدۇر. ئەمما، بىز الله نىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىۋاتقان لېكىن كىتاب-سۈننەتتىن يىراق بولغان كىشىلەر بولسا يالغانچى كىشىلەردۇر.

<وَمَا تَقَرَّبَ إِلَيَّ عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحَبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ> <بەندەم ماڭا مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان نەرسىدىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىر نەرسە بىلەن يېقىنلىشىپ باقمىدى.> الله قا يېقىنلىشىش پەرز ئەمەللەر ياكى نەفلە ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ. ئەمەللەرنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈكى ۋە الله قا ئەڭ يېقىنلاشتۇرىدىغىنى پەرز ئەمەللەردۇر چۈنكى پەرزلەر الله نىڭ كەسكىن بۇيرۇقىدۇر.

<وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بِالنَّوافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ> <بەندەم ماڭا نەفلە ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىپ تۇرىدۇ، ئاخىرى مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن> دېگەندەك، الله نىڭ دوستىغا ئايلىنىش بولسا، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەر ۋە نەفلە ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەمدە قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا نەپسىنى تەقۋالىق بىلەن توختىتىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىش — بەندىگە الله نىڭ مۇھەببىتىنى ئاتا قىلىدۇ. الله كىمنى ياخشى كۆرسە، ئۇ كىشىگە تائەت، الله نى زىكىر قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ.

<فَإِذَا أَحبَبْتُهُ كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ، وَبَصَرَهُ الَّذِي يُبْصِرُ بِه، وَيَدَهُ الَّتِي يَبْطِشُ بِهَا، وَرِجْلَهُ الَّتِي يَمْشِي بِهَا> <ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم، ئۇ بەندەمنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن.> يەنى، الله ئۆز دوستلۇقىنىڭ كۈچىنى ئۇ كىشىگە تاشلايدۇ-دە، ئۇ كىشى الله ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىلا ئاڭلايدىغان، الله ياخشى كۆرگەن نەرسىنىلا كۆرىدىغان ۋە الله ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنىلا قىلىدىغان بولىدۇ. مانا بۇ الله رازى بولمايدىغان نەرسىلەردىن ئۇ كىشىنىڭ جەۋارىھلىرىنى (يەنى بەدەن ئەزالىرىنى) گۇناھتىن قوغداشقا ياردەمچى بولىدۇ.

<وَإِنْ سَأَلَنِي أَعْطَيْتُهُ> <ئەگەر مەندىن سورىسا سورىغانىنى بېرىمەن.> يەنى، بەندەم دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر نەرسە سورىسا مەن ئۇنى بېرىمەن>. <وَلَئِنِ اسْتَعَاذَنِي لأُعِيذَنَّهُ> <ئەگەر مەندىن پاناھلىق سورىساَ، مەن ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىمەن>».

### ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

1. الله تعالى دا دوست تۇتۇش دېگەن سۈپەت بار دەپ بىلىش. (يەنى الله تعالى نىڭ دوستلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىش.)

2. الله نىڭ دوستلىرىنى دۈشمەن تۇتۇشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىش.

3. پەرز ئەمەللەرنى شەرئىي ئۆزرىسىز بېجىرمەي تۇرۇپ نەفلە ئەمەللەرنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلىش. (بۇ پەرز جىھادنى تەرك ئېتىپ، نەفلە ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بەرگەن كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.)

4. پەرز ئەمەللەردىن كېيىن نەفلە ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بەرگەن كىشىنى الله نىڭ تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

5. بۇ ھەدىس «الله نىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرىدىن شەرئىي تەكلىپات چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ دەۋا قىلغان كىشىلەرگە رەددىيەدۇر.

6. مۇجاھىدلار الله نىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولۇپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقانلىق — الله قا ئۇرۇش ئاچقانلىقتۇر. مۇجاھىدلار الله قا كۈچىنىڭ يېتىشىچە قانچىلىك تەقۋالىق قىلىدىكەن، الله مۇ ھەر دائىم ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى يالغۇز دەپ ئويلاپ قالماسلىقى كېرەك.

## يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### غەلبە خەۋىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى

ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنە خەلقىگە ئالدىن خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككى خەۋەرچىنى يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رضي الله عنه مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه مەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئەۋەتىلدى.

بۇ ئىككى خەۋەرچى مەدىنىگە كەلگۈچە يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار ئۆزئارا ئىغىز-بۇرۇن يالىشىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، مەدىنىدە ئىغىر ئەنسىزلىك پەيدا قىلغانىدى ھەتتا ئۇلار ھېچقانداق ئاساسسىزلا: «مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلۈپتىمىش» دېگەن شۇم خەۋەرنى تارقاتتى. بىر مۇناپىق زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه نىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەسۋا دېگەن تۆگىسىگە مىنىپ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مەن دېمىدىممۇ! مۇھەممەد چوقۇم ئۆلۈپتۇ، ئەنە ئاۋۇ ئۇنىڭ بىز بىلىدىغان تۆگىسى، ئۈستىدە زەيد ئىبنى ھارىسە قورقۇنچتىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېچىپ كەپتۇ» دېدى. ئەلچىلەر يېتىپ كېلىۋېدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ خۇشخەۋەرلەرنى كەينى-كەينىدىن ئاڭلاشقا باشلىدى. ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزەتتى، ئاخىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىندى. جامائەت شاد-خۇراملىققا چۆمدى. مەدىنە كوچىلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە تەكبىر ۋە تەھلىل ساداسى ياڭرىدى.

(مەدىنىدە قالغان) مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى تەشكىللىنىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بەدر يولىغا قاراپ ئاتلاندى.

ئۇسامە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوسمان ئىبنى ئەففاندىكى قىزى رۇقىيەنى دەپنە قىلىۋاتقاندا خۇشخەۋەرنى ئاڭلىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى ئوسمان بىلەن بىللە قىزى رۇقىيەنىڭ كېسىلىگە قاراشقا قالدۇرغانىدى» («الرحيق المختوم»دىن ئېلىندى).

### مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى

جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ بەدردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەن قوزغالماقچى بولغانىدى، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قوشۇن ئىچىدە غەنىيمەت توغرۇلۇق ئىختىلاپ يۈز بەردى. بۇ ئىختىلاپ بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ قوشۇنغا قوللىرىدىكى بارلىق غەنىيمەتلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئاندىن بۇ ھەقتە ۋەھيي نازىل بولدى.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بەدر ئۇرۇشىغا چىقتۇق، ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشتۇق، ئاخىرى الله تعالى دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. بۇ چاغدا بىر بۆلۈك كىشىلەر دۈشمەننى قوغلاپ زەربە بېرىشكە كىرىشتى. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر دۈشمەن تاشلاپ قاچقان مال-مۈلۈكلەرنى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قورال-ياراقلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. ئۈچىنچى بىر تۈركۈمدىكىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ئۇنى دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن قوغدىدى ھەتتا كەچ كىرىپ ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولدى. بۇ چاغدا غەنىيمەت-ئولجىلارنى يىغىپ تۇپلىغانلار: «غەنىيمەتنى بىز يىغىپ جۇغلىدۇق، بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھەققى يوق» دېيىشتى. دۈشمەننى قوغلاپ چىقىپ كەتكەنلەر: «غەنىيمەتكە بىز ئەڭ لايىق چۈنكى دۈشمەننى بىز چېكىندۈردۇق»، باشقىلارنىڭ تەييارغا ھەييار بولۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداپ تۇرغانلار: «بىز دۈشمەنلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ يەردە قالدۇق» دېيىشتى. دەل مۇشۇ چاغدا الله ۋەھيي نازىل قىلىپ: «(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىيمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، الله تىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار؛ ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار>» (سۈرە ئەنفال 1- ئايەت) دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ غەنىيمەتلەرنى يىغىۋېلىپ مۇسۇلمانلارغا الله نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

دەل مۇشۇ پەيتتە، بۇ ئۇممەتنىڭ تارىخىدا خەتەرلىك ھادىسىلەر يۈز بەردى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكلىرىدىن بىرى خاۋارىجلار ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بولۇپ، بۇ ھادىسە مۇسۇلمانلاردىكى دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پىكرى تەرەپلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق يېقىن ۋە يىراق سەۋەبلىرى بولىدۇ. ھادىسە قانچىلىك مۇرەككەپلەشكەنسېرى ۋە ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە قانچە يېيىشقانسېرى بۇ ھادىسىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ سەۋەب ۋە ئامىللىرى شۇنچە چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. خاۋارىجلار ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەب ۋە ئامىللارنى تەتقىق قىلغان چاغدا، تەتقىقاتچى مۇتەپەككۇرلار بۇ سەۋەبكە ئېنىقلىما بېكىتىشتە ۋە بەزى سەۋەبلەرنىڭ تەسىر قىلىش دائىرىسىنى ئېنىقلاشتا ئىختىلاپ قىلىشىدۇ.

تۆۋەندە بىز شۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ خاۋارىجلىق ھادىسىسى ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنى بايان قىلىمىز.

### بىرىنچى تېما: خىلاپەت ھەققىدىكى تالاش-تارتىش

بىز بۇ تېما ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خىلاپەت توغرۇلۇق يۈز بەرگەن قوراللىق تالاش-تارتىشنى مەقسەت قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن خاۋارىجلارنىڭ خەلىپە تەيىنلەشنىڭ يولى ۋە شۇ خەلىپىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ شەرتلىرى ھەققىدىكى باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان تالاش-تارتىشلىرىنى مەقسەت قىلىمىز.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى خىلاپەت توغرۇلۇق يۈز بەرگەن تالاش-تارتىشنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ بەزى تەتقىقاتچىلار خاۋارىجلارنى «ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن شىئەلەرگە ئوخشاش سىياسىي پارتىيە» دەپ قارايدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئالدى بىلەن ئىمامەتۇ ئۇزما (يەنى چوڭ ئىماملىق ياكى خىلاپەت) مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپقا مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر شىئە ۋە خاۋارىجلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئىمامەت (يەنى خىلاپەت ياكى خەلىپىلىك) مەسىلىسى بولغان بولسا، ئۇنىداقتا، مۇشەببىھە (يەنى الله نىڭ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقۇچى) ۋە مۇئتەزىلە (يەنى الله نىڭ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقنىڭكىگە ئوخشاتمايمىز دەپ الله نىڭ شۇ سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىدىغانلار)... قاتارلىق پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى — دىنىي ئەقىدە ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە جېدەل (يەنى پايدىسىز قۇرۇق مۇنازىرە)دىن ئىبارەتتۇر».

ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوسمان رضي الله عنه قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنكى خىلاپەت ھەققىدىكى ئىختىلاپى پەقەت خاۋارىج ۋە شىئەلەرنىڭلا كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولماستىن بەلكى مۇرجىئە، قەدەرىيە ۋە باشقا ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىمۇ ئاز-تولا سەۋەبچى بولغان ئىدى لېكىن بۇ ئىختىلاپنىڭ شىئە ۋە خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بولغان تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە كۆرۈنەرلىك بولغان ئىدى.

خاۋارىجلار (ئەلى رضي الله عنه دىن ئايرىلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى) مۇئاۋىيە رضي الله عنه غا قارشى جەڭدىكى ئەلى رضي الله عنه نىڭ قوشۇنى ئىچىدە زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. تەھكىم (يەنى ئەلى رضي الله عنه بىلەن مۇئاۋىيە رضي الله عنه ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەمر ئىبنى ئاس رضي الله عنه بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنه نى ھۆكۈم قىلىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىش) مەسىلىسى خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه ۋە مۇئاۋىيە رضي الله عنه غا تەڭ قارشى چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خىلاپەت ھەققىدىكى بۇ تالاش-تارتىش يۈز بەرمىگەن بولسا ئىدى، خاۋارىجلارنىڭ خاۋارىج بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باشقا ئامىللار ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋەھشىي قىياپىتىدە مەيدانغا كېلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى. مەسىلەن، ئىمام ئەلى رضي الله عنه نىڭ سۇلتانلىقى (مۇئاۋىيە رضي الله عنه نىڭ قارشى چىقماسلىقى بىلەن) مۇستەھكەم ئورناشقان بولسا ئىدى، ئۇ كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئىككى خەلىپىنىڭ يولى بويىچە مۇئامىلە قىلالىغان بولاتتى ھەمدە ئىسلامىي دۆلەت بىلەن قوراللىق قارشىلىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان بۇ خىل خاۋارىجلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ھەرگىزمۇ باھانە-سەۋەب قالمايتتى.

خىلاپەت (ئۇمەييە ۋە ئابباسىيلار دەۋرىدە) مۇستەھكەم ئورنىغان مەزگىللەردە، خىلاپەتكە ئۆكتە قوپىدىغانلار قوراللىق

(ئاخىرى 3- بەتتە)



ئىسلام ئاۋازى
21- سان ھىجرىيە: 1438/07/04 مىلادىيە: 2017/03/31

(بېشى 2- بەتتە)

ھەرىكەتنى تاشلاپ تىنچ ھالدىكى ئەمر مەئرۇف ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. بەزى مەزگىللەردە، ئۇمەييە ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە خاۋارىجلارنىڭ قارشى چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل — شۇ خاۋارىجلارنىڭ خەلىپە سايلاش يولى، خەلىپىلىكنىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ۋە خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى قانداق بېجىرىش توغرىسىدىكى ئۆزگىچە كۆز قارىشىدىن ئىبارەت. يەنى، ئۇمەييە ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان شەكىلدە خەلىپىلىككە سايلىنىشى خاۋارىجلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ چوڭ تۈرتكە بولغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خاۋارىجلارنىڭ ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه غا قارشى قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىكى بىۋاستە ئامىل تەھكىم مەسىلىسىدۇر.

### ئىككىنچى تېما: تەھكىم مەسىلىسى

تەھكىم مەسىلىسى سىففىن جېڭى (يەنى ئەلى رضي الله عنه بىلەن مۇئاۋىيە رضي الله عنه ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ)دە يۈز بەرگەن ئىدى. ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه دەل بۇ پەيتتە تەھكىمگە نارازى بولسىمۇ، ئۇنى نائىلاج قوبۇل قىلدى. خاۋارىجلار ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىنى ئىنتايىن ئېغىر ئالغانلىقتىن ئەلى رضي الله عنه نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار تەھكىمنىڭ نەتىجىسى ئەلى رضي الله عنه نىڭ زىيىنىغا چىققانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەلى رضي الله عنه نى شۇ تەھكىمنى قوبۇل قىلىشقا قىستىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىشقان ئىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەلى رضي الله عنه نىڭ خىلاپىتى ئاستىغا كىرىشنى رەت قىلىپلا قالماي يەنە ئۇنىڭغا قوراللىق قارشى چىقىشتى.

تەھكىم مەسىلىسىنى خاۋارىجلارنىڭ ئىمام ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىقىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب دەپ قاراش — بارلىق پىرقىشۇناس ۋە تارىخشۇناس ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر. مانا بۇ نۇقتا خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه بىلەن بولغان تۆۋەندىكى دىئالوگىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ: «ھەقىقەتەن بىز تەھكىم (يەنى بۇ ئوتتۇرىدىكى تالاش-تارتىشقا ئىككى كىشىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش) سەۋەبلىك گۇناھكار بولدۇق ۋە گۇناھكار بولۇش سەۋەبلىك كاپىر بولدۇق لېكىن بىز بۇ كاپىرلىقىمىزدىن ئاللىبۇرۇن تەۋبە قىلىپ بولدۇق. ئەگەر سەنمۇ بىزگە ئوخشاش تەۋبە قىلساڭ ئۇنداقتا بىزمۇ سەن بىلەن بىللىمىز، ئەگەر ئۇنىمىساڭ بىزدىن يىراق تۇر. بىز ساڭا ئوچۇق قارشى چىقىمىز چۈنكى الله خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ» (ئىبنى ئەسىرنىڭ «ئەلكامىل» 3- توم 344- بەت).

دېمەك، ئۇلار تەھكىم مەسىلىسىنى «دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كاپىرلىق» دەپ قاراپلا قالماستىن بەلكى بۇ مەسىلىنى توغرا دەپ قارىغانلارغا قوراللىق قارشى چىقىش پەرز دەپ قارىشىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاش

1966- يىلى، ۋيېتنام

ۋيېتنام ئارمىيىسى ئامېرىكىغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۈچى مەركەزلەشكەن ئورۇنلارنىڭ بىرى بولسا ئامېرىكا ئارمىيىسى «ئۇرۇش رايونى C» دەپ ئاتايدىغان رايون ئىدى. بۇ رايون جەنۇبىي ۋيېتنامنىڭ پايتەختى سايگوننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بولۇپ، كامبودژا بىلەن چېگرىلىناتتى ۋە ۋيېتنام كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەڭ نۇقتىلىق مەركىزى ھېسابلىناتتى.

بۇ ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ ۋيېتنامدا تۇرۇشلۇق باش قوماندانى ۋېليام ۋېست مورلەند بولۇپ، «ئۇرۇش رايونى C» بولسا ۋېليام ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان رايون ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ




رايوندا چوڭ بىر جەڭ ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ جەڭ ۋيېتنامدا شۇ ۋاقىتقىچە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ جەڭ بولۇپ قالاتتى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى — ۋيېتنام قىسمى ئىنكاس قايتۇرۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ رايوننى كونترول قىلىپ بولۇش ئىدى.

1944- يىلى 9- ئاي، ياۋروپا

ئىتتىپاقداش ئارمىيە روۋدېستىۋا بايرىمىدىن بۇرۇن غەلىبە بىلەن ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى شۇڭا ئىتتىپاقداش ئارمىيە بېرلىننىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن جەڭ پىلانى تۈزدى.

ھەر ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى «سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇش» ئىدى شۇنداقلا ھەر ئىككى ئۇرۇش پىلانى ئەڭ خەتەرلىك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولغان دۈشمەن ئارقا سېپىگە پاراشۇت ئارقىلىق ھاۋادىن چۈشۈشنى ئاساس قىلغان ئىدى.

پاراشۇت ئارقىلىق ھاۋادىن چۈشۈشنىڭ بىر قانچە تۇرلۇك كونكرېت تەلەپلىرى بار بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، نىشان

پاراشۇتتىن چۈشۈشتىكى ئەڭ مۇھىم نىشان دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ ئارقا تەرىپى بولۇشى كېرەك. بۇ مەقسەتكە يەر يۈزىدىن ھۇجۇم قىلىپ تېز سۈرئەتتە يېتىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر يەر يۈزىدىن ھۇجۇم قىلىپ بۇ نىشانغا يېتىش ئىمكانىيىتى بار بولسا، ھاۋادىن پاراشۇت ئارقىلىق چۈشۈشنى ئۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش مۇتلەق ئويلىشىلمايدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىستىخبارات (جاسۇسلۇق)

پاراشۇت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشكەندە ئۇلار ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىخبارات ۋاستىلىرى ناھايىتى مۇھىم. بۇلار ئارقىلىق دۈشمەننىڭ يەر يۈزى قىسمىنىڭ نىمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى چوقۇم بىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ھاۋانى كونترول قىلىش

ھاۋا ئارمىيە قىسمى پاراشۇتچى قىسىمنى دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇشى ۋە پاراشۇتچى قىسىم يەر يۈزىگە سالامەت چۈشۈپ بولغۇچە بولغان جەرياندىكى يەر يۈزى دۈشمەن قىسىملىرىدىن كېلىدىغان خەۋپنى يوقىتىشى كېرەك.

تۆتىنچى، سۈرئەت ۋە دۈشمەننى ھەيران قالدۇرۇش

پاراشۇتچى قىسىمدىن تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ ياخشى نەتىجە دۈشمەنگە بىلدۈرمەي تۇرۇپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ بولۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر مۇمكىن بولسا يەر يۈزىگە چۈشۈپ بولغان پاراشۇتچى قىسىم دۈشمەن ئىنكاس قايتۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن بىخەتەر ھالەتكە كېلىۋېلىش ۋە مۇۋاپىق مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۈۋېلىش كېرەك.

بەشىنچى، كۈچەيتمە ياردەم

پاراشۇت قىسمىدا زۆرۈر نەرسىلەرنى ئەسكەرلەر ئۆزلىرى ئېلىۋېلىشى شۇنداقلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېنىك ھالەتتە جابدۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا چوقۇم كۈچەيتمە ياردەم تولۇقلاپ بېرىلىشى كېرەك.

ھاۋادىن چۈشۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ ئىككى خىل ئاجىزلىقى بار بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، يەرگە چۈشۈش جەريانىدىكى ئاشكارىلىنىپ قېلىش

مەيلى پاراشۇت ئارقىلىق چۈشۈش بولسۇن ياكى تىكئۇچار ئارقىلىق چۈشۈش بولسۇن، يەرگە چۈشۈش جەريانىدا ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇ جىددىي پەيتتە ئۇلار ئاساسەن دۈشمەنگە قارشى قايتۇرما ھۇجۇم ئېلىپ بارالمايدۇ شۇڭا پەقەت مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداپ بېرىشىگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى، ۋاقىت چەكلىمىسى

ھاۋادىن چۈشكۈچى قىسىم ناھايىتى يېنىك ھالەتتە قوراللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن كۈچەيتمە ياردەمنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ئىنتايىن جىددىي ھالەتتىكى ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ شۇڭا كۈچەيتمە ياردەم ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئادەتتە كۈچەيتمە ياردەم ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت 48 سائەت بولىدۇ.

ھاۋادىن چۈشكۈچى قىسىمنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى پاراشۇت، پلانېر ۋە تىكئۇچار ئايروپىلان بولىدۇ.

بۇ تۈردىكى ئۇرۇش ئىدىيىسى 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا بارلىققا كەلگەن. 1917- يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى دۈشمەننىڭ ئارقا قىسمىغا 10 مىڭ كىشىلىك پاراشۇتچى قىسىمنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىراق بۇ پىلان رەت قىلىنغان. گەرچە بۇ پىلان رەت قىلىنغان بولسىمۇ، پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمىگەن.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### كاۋا

پەيغەمبەر ﷺ مەككىدە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه نى يوقلىدى ۋە: «تىۋىپ چاقىرتىپ كېلىڭلار!» دېدى. ھارىس ئىبنى كەلدە چاقىرىلدى. ئۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه غا قاراپ: «كېسىلى ئېغىر ئەمەس، يېڭى پىشقان خورما بىلەن كاۋا شورپىسى قىلىپ بېرىڭلار» دېدى. شۇنداق قىلىنىۋېدى، ئۇنىڭ كېسىلى شىپا تاپتى.

كاۋىنىڭ ھارارىتى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىسسىق بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك قۇرغاق.

ئەگەر ئۇ سۇدا پىشۇرۇلسا گال، كۆكرەك ۋە قورساقنى يۇمشىتىدۇ؛ يۆتەلنى، يىرىڭلىكنى، زىققىنى ۋە دەم سىقىلىشنى يوقىتىدۇ. ئۇ — بەل ئاغرىقى، بەلغەم ۋە بوۋاسىرغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ؛ ئۈچەيدىكى مۇرەككەپ كەيموسلارنى ھەيدەيدۇ؛ كۆكرەكتىكى شىلىمسىمان بەلغەمنى بوشىتىدۇ؛ لىمفا تۇگۈنى ياللۇغى ۋە ئۆپكە كېسەللىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى قاينىتىپ باشنى يۇسا كېپەكنى يوقىتىدۇ.

كاۋىنىڭ ئۇنى شۇلتا بىلەن ئاچچىق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈرۈلسە تالنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، ھارارىتى يەڭگىل. يامان خاراكتېرلىك ئىششىقتا سۈرۈلسە ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. كاۋىنىڭ سۈيى شامالدىن بولغان ئاغرىققا شىپا بولىدۇ. قورساق ۋە ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرىدۇ.

كاۋىنى خورما بىلەن ياكى ھەسەل بىلەن ۋە ياكى ئەنجۈر بىلەن ناشتىدا يېسە كۆكرەك ۋە ئاشقازاندىكى شىلىمسىمان بەلغەمنى بوشىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن يۆتەلنى توختىتىدۇ.

ئۇ قەۋزىيەتكە مەنپەئەتلىك، قورساقنى بوشىتىدۇ، خېنە يېقىلمىغان تىرناققا سۈرۈلسە ياخشىلىنىدۇ. كاۋا يېغى خېنە بىلەن سوغۇقتىن يېرىلغان يەرگە سۈرۈلسە مەنپەئەت قىلىدۇ. كاۋىنىڭ مەنپەئەتلىرى كۆپ بولۇپ مۇشۇ يەردە توختاشنى لايىق كۆردۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «كاۋا بىلەن داۋالىنىڭلار» دېگەن. بەزى تىۋىپلارمۇ: «كىشىلەر كاۋىنىڭ پايدىسىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى مىقداردا ئالتۇنغا سېتىۋالاتتى» دېگەن ئىكەن.